# بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى، ئۇنىڭ سەجدە قىلغان ھالىتىدۇر، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى، ئۇنىڭ سەجدە قىلغان ھالىتىدۇر، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار».
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتىنىڭ ئۇنىڭ سەجدىدىكى ھالىتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇنداق بولۇشى: ناماز ئادا قىلغۇچى سەجدە قىلغان ھالىتىدە ئاللاھقا خار بولۇپ، بويسۇنۇپ بەدىنىدىكى ئەڭ ئېسىل-شەرەپلىك ئەزا بولغان يۈزىنى زېمىنغا قويىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىشقا بۇيرىدى، بۇ ھالەتتە ئاللاھ تائالاغا سۆز بىلەن ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن خار بولۇش-بويسۇنۇش مۇجەسسەملىشىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/5382